دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

تۆھمەت قىلىش، قارا چاپلاشقا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغدايمەن

☐ غۇلجا شەھىرى ئازاتلىق يولى كوچا باشقارمىسى ئالتە شوئار كوچىسىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى رەجەپ مىرزائالىم

مېنىڭ ئىسمىم رەجەپ مىرزائالىم، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاتلىق يولى كوچا باشقارمىسى ئالتە شوئار مەھەللىسى ئالتە شوئار كوچىسىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى. مۇشۇ جايدا تۇغۇلۇپ، مۇشۇ جايدا چوڭ بولغان شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن پارتىيەنىڭ ئىللىق نۇرى، مېھىر ـ شەپقىتىگە چۆمۈلۈپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان يۇرتۇمدا يۈزبەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بىۋاستە ھېس قىلدىم ۋە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، دىنلار ئىجىل، رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا.

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭنى قالايمىقان قىلىش، ۋەتەننى پارچىلاش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھەدەپ تەرغىب قىلىپ، دىن بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى قەستەن بۇرمىلاپ، ئاتالمىش «دىنىي قائىدە، ئائىلىۋى قائىدە»نى ئويدۇرۇپ چىقىپ، «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» قاتارلىق سەپسەتىلەرنى تەرغىب قىلىپ، ئاممىنى ئالدىدى، قايمۇقتۇردى. دەل دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغاچقا، بەزىلەر سەپسەتىلەرگە ئىشىنىپ، باشقىلارنىڭ زامانغا لايىق تۇرمۇشىغا ئارىلاشتى؛ بەزىلەر ئۆيدىكىلەر بىلەن چىقىشالماي ئائىلە قىلمىدى، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسى ئېتىپ بەرگەن تاماقنىمۇ يېمەي، ئاساسىي جەمئىيەت ئېتىكسى ئۆلچىمىگە خىلاپلىق قىلدى؛ بەزىلەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى چەتكە قاقتى، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى، ھەتتا ئۇلارنى ئۆلتۈردى؛ بەزىلەر دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشكە قارشى تۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەشنى رەت قىلدى، ئاساسىي قانۇن بىلىملىرىنى بىلمەي، ھەتتا ياخشىلىق ـ يامانلىق، توغرا ـ خاتانىمۇ پەرقلەندۈرەلمەي، كۈنبويى جەمئىيەتتە لاغايلاپ يۈرۈپ، ئەسكى ئادەملەرنىڭ پايدىلىنىش قورالىغا ئايلىنىپ قالدى، ئەڭ ئاخىرىدا زوراۋانلىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈش، خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىش يولىغا مېڭىپ، جەمئىيەتكە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى.

مۇقىملىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، ئىناق، مۇقىم مۇھىت بولمىسا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكى، بەختى كاپالەتتىن ئايرىلىپ قېلىپ، ياخشى كۈن كەچۈرەلمەيدۇ. دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ يامراش، تارقىلىش، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى كۆپ يۈزبېرىش، ئۈزۈلمەي يۈزبېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان كىشىلەرگە قارىتا ھەقسىز تەربىيەلەش ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىتىپ، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، ماھارەت ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرى سەۋىيەسى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى. تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئۆيىگە قايتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولالايدۇ، ئىشى بولسا رۇخسەت سوراپ بىجىرەلەيدۇ، سىن، تېلېفون ئارقىلىق ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن پاراڭلىشالايدۇ. ئۆگىنىش مەزگىلىدە، ھۆكۈمەت تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىقلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەل قىلىپ، شەكلى كۆپ خىل بولغان ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قانات يايدۇرۇپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلدى. كەنتىمىزدىكى تەربىيەلەنگۈچىلەر تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزگىرىشى ناھايىتى چوڭ بولدى، قانۇن بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان بولدى، ساپاسى ئۆستى، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ سىڭدۈرۈمچىلىكىگە ئاڭلىق قارشى تۇرىدىغان بولدى. تەربىيەنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەن تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۆگەنگەن تېخنىكىسىغا تايىنىپ رازى بولغىدەك خىزمەت تېپىپ كىرىمنى ئاشۇردى، ئائىلىلەر ئىجىل بولدى، جەمئىيەت ئىناق بولدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، غۇلجا شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئىلغا، بولۇپمۇ نارات يايلىقىغا ساياھەتكە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ، ئاشخانا ئاچىدىغانلار، مېھمانخانا ئاچىدىغانلار، ساياھەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ سودىسى ئىنتايىن ياخشى بولدى، پۇقرالارنىڭ ھەمىيىنى تومپايدى، چىرايىدىكى تەبەسسۇممۇ كۆپەيدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىزنىڭ دىنىي تۇرمۇشىمىزدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مەسچىتتە ھاۋا تەڭشىگۈچ، پار، تۇرۇبا سۈيى قاتارلىق ئەسلىھەلەرنىڭ بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان. ھازىرقى مەسچىتلەر قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن. ھەج قىلىشقا بارماقچى بولغانلار ھەر خىل قولايلىق شارائىت ۋە ئەتراپلىق مۇلازىمەتلەردىن بەھرىلىنىپ، ھەج قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق تاماملىيالايدۇ. دىنىي بىلىملەرنى ئۆگەنمەكچى بولغانلارنى مەخسۇس ئۆگىنىش بىلەن تەمىنلەيدىغان كەڭ، ئازادە، يورۇق، ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىسلام دىنى شۆيۈەنى بار. بىز دىنىي ساھەدىكى زاتلار يەنە تۇرمۇش تولۇقلىما پۇلى ۋە ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن بەھرىلىنىۋاتىمىز. يەنە دىنىي ساھەدىكى كۆپلىگەن زاتلار ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشلىرىدە ۋەكىل، ئەزا بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشىۋاتىدۇ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭىشىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئەھۋالى تارىختىكى ھەرقانداق بىر مەزگىلدىكىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئازراق ۋىجدانى بار ئادەملا بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئىنكار قىلالمايدۇ.

بىز ئۇيغۇرلاردا: «ۋىجدانلىق ئادەمنىڭ قەلبى مەڭگۈ پاك بولىدۇ» دەيدىغان ماقال ـ تەمسىل بار. پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قارىتا كەلسە ـ كەلمەس بىلجىرلىغان، قەستەن قارا چاپلىغان ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنىڭ قىلمىشى ئىنتايىن ئەقىلسىزلىق ۋە نومۇسسىزلىق بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ قالايمىقان بولماي قېلىشىدىن قورقۇشتەك رەزىل غەرىزىنى ئاشكارىلىدى، ئۇلارنى قىلچە ۋىجدانى يوق دېيىشكە بولىدۇ، ئۇلار بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئىنتايىن زور زىيانكەشلىك قىلدى، بۇ، بىزنى ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەندۈردى. كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇ ئادەملەرنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، قارا چاپلاپ، ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشىدىكى سەۋەب، ئەمەلىيەتتە كۆڭلىدە يامان غەرىزى بار بولۇپ، ئويدۇرما ۋە تەسەۋۋۇرنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ ئورنىغا قويۇپ، يالغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىش، پاكىت ئويدۇرۇپ چىقىشقا تايىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، بىزنىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنۇشتۇر. ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ شىنجاڭدىكى زوراۋانلىق قىلمىشى پەيدا قىلىش، بىگۇناھ ئاممىنى ئۆلتۈرۈشتەك جىنايىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىپ، بىزنىڭ قانۇن بويىچە قانات يايدۇرغان تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتىمىز، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نەتىجىلىرىمىزدىن سۆز ئېچىشتىن قاچتى، ھازىر يەنە «كىشىلىك ھوقۇق»نى دەستەك قىلىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلغان تېررورىزمغا مەدەت بەرمەكتە، دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە خەۋپ يەتكۈزىدىغان بۆلگۈنچىلىككە يانتاياق بولماقتا، بۇ، بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ بۇزغۇنچىلىق. ئامېرىكا ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»گە قارىتا، بىز دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقىمىزنى، كۈچلۈك غەزەپلىنىدىغانلىقىمىزنى، قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ھەققانىيلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ۋىجدانى بار شىنجاڭلىق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزنىڭ بىۋاستە ھېس قىلىشىمىز ئارقىلىق، پاكىت ۋە ھەقىقىي ئەھۋالنى قوغداپ، ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلارنىڭ قارا چاپلىشى ۋە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پۇقرالارنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ ۋە قوللاپ، ئىغۋاگەرچىلىك، بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىگە قارشى قەتئىي ئاداققىچە كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنىڭ تەستە قولغا كەلگەن مۇقىملىق، تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قەدىرلەش، تەستە قولغا كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقى، دىنلار ئىناق بولغان ۋەزىيەتنى قەدىرلەش ھوقۇقىمىز بار، مەسئۇلىيىتىمىز بار.

ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلار، ئاغزىڭلارغا كەلگەنچە بىلجىرلىماڭلار

☐ لوپ ناھىيەسىنىڭ بۇيا يېزىسى تامئېغىل كەنتىدىكى تامئېغىل مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇسېلىم مجىت

مېنىڭ ئىسمىم ئابدۇسېلىم مجىت، خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيەسى بۇيا يېزىسىنىڭ تامئېغىل كەنتىدىكى تامئېغىل مەسچىتىنىڭ ئىمامى. خەۋەردىن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، مەن ئىنتايىن غەزەپلەندىم. شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئاددىي ئۇيغۇر ئاما، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلارنى شۇنداق كەسكىن ئاگاھلاندۇرماقچىمەنكى، سەنلەرنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھە»ڭلار خاتا، بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققان. سەنلەرنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭلار بىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ھېسسىياتىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى، ھاقارەت كەلتۈردى ۋە ئۇنى دەپسەندە قىلدى.

مەن ئامېرىكىدىكى سىياسەتۋازلارغا ئۆز كەچۈرمىشىمنى سۆزلىمەكچىمەن، كەنتىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلىمەكچىمەن.

مەن بىر ئاددىي ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ ھەممىسى دېھقان، كىچىك ۋاقتىمدا، ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى بولمىغاچقا، مەن ۋە ئاكا ـ ئاچىلىرىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا ئۆيدە ئاتا ـ ئانامغا ياردەملىشىپ يەر تېرىپ، خاتىرجەم كۈن كەچۈرەتتۇق. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى، كېسەك ئۆيىمىز خىش ئۆيگە ئۆزگەردى، كۆل سۈيى ئىچىشتىن تۇرۇبا سۈيى ئىچىدىغان بولدۇق، ياخشى يېيەلمەسلىكتىن ياخشى يېيەلەيدىغان بولدۇق. ھازىر مەن پىكاپ ھەيدەيمەن، ئەقلىي ئىقتىدارلىق يان تېلېفون ئىشلىتىمەن، ئۆيىمىزدە ھەر خىل ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق، قانچىلىك خۇشال ئىكەنلىكىمنى دېمەيلا قوياي. لېكىن، ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، كەنتىمىزدە بىر قىسىم غەلىتە ھادىسىلەر كۆرۈلدى، چاچلىرىنى تال ـ تال ئۆرۈپ يۈرىدىغان قىزلار يوقاپ، نىقابلىق كىيىم كىيىپ يۈرىدىغان ئاياللار پەيدا بولدى؛ ناغرا ـ سۇناي چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، مەشرەپ ئوينايدىغان تويلار يوقاپ، ناخشا ئېيتمايدىغان، ئۇسسۇل ئوينىمايدىغان، كىشىنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان تويلار پەيدا بولدى؛ ھەتتا بالىسى ئانىسى ئەتكەن تاماقنى يېمەيدىغان، باللىرى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشمايدىغان قاتارلىق ئادەم چۆچۈنەيدىغان ئىشلار پەيدا بولدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن بۇيان، شىنجاڭ رايونىدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈزبېرىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاما قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان، كەينى ـ كەينىدىن يۈزبەرگەن بىر قاتار بۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلولىرى ماڭا زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ بىزنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى ئېنىق تونۇتتى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىز ئۇيغۇرلارنى ئويلاپ، بىز ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، «ئۈچ خىل كۈچ»كە قانۇن بويىچە زەربە بېرىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويدى، يەنە بىر قاتار ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ يولغا قويدى، كەنتىمىزدە زاۋۇت قۇرۇلدى، بىز كەنتتىن چىقمايلا پۇل تاپالايدىغان بولدۇق؛ كەنتىمىزدە خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت مەركىزى قۇرۇلدى، كەنت ئاھالىلىرى توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ يەردە ئۆتكۈزسە بولىدۇ، كۆپ قولايلىق بولدى؛ كەنتىمىزدە يەنە يەسلى قۇرۇلدى، باللار ھەقسىز ئوقۇيدۇ، ھەقسىز تاماق يەيدۇ. بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، دادام تۇنجى قېتىم ئوغلۇمنى يەسلىگە ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خۇشال ھالدا ماڭا يەسلىنىڭ مۇھىتىنىڭ قانچىلىك ياخشى ئىكەنلىكىنى، تاماق ـ قورۇمىلىرىنىڭ قانچىلىك مول ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ئۆزى مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىنى ئەسلەپ، دادام ناھايىتى خورسىندى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدا، دەرسخانا بىر ئەسكى ئۆي بولۇپ، قەلەم ۋە قەغەز بولمىغاچقا، تاياقچە بىلەن يەرگە يېزىپ ئۆگىنەتتىكەن، مۇئەللىم تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قولى بىلەن ئۆچۈرۈۋېتىپ داۋاملىق يازاتتىكەن. دادامنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرمۇشىنى ئويلاپ، بىزنىڭ ھازىرقى ياخشى تۇرمۇشىمىزغا قارايدىغان بولساق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمىزنى تىل بىلەن ئىپادىلىيەلمەيمىز.

بىز جاسارەتكە تولۇپ، تېخىمۇ گۈزەل بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى يارىتىۋاتقاندا، ئامېرىكا تەرەپ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا ھەدەپ قارا چاپلىدى. كەنتىمىزدە بولغان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەن گۇۋاھچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن مەنپەئەتلەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم يامان غەرەزلىك سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرماقچىمەنكى، سەنلەرنىڭ پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھوقۇقۇڭلار يوق؛ سەنلەرنىڭ ئاغزىڭلارغا كەلگەنچە بىلجىرلاپ، بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمىزنى دەپسەندە قىلىش ھوقۇقۇڭلار يوق. بىزنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىمىز توغرىسىدا، بىز ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا، ئۆزىمىزنىڭ كۆڭلىدە ئەڭ ئېنىق سان بار. كىمكى بىزنىڭ تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا پېتىنىدىكەن، شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلق قەتئىي قوشۇلمايدۇ، 1 مىليارد 400 مىليون جۇڭگو خەلقى قەتئىي قوشۇلمايدۇ. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، سەنلەرنىڭ بىمەنە سەپسەتەڭلەر چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، سەنلەرنىڭ رەزىل ھىيلە ـ مىكرىڭلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ، سەنلەرنىڭ رەزىل سۇيىقەستىڭلار چوقۇم مەغلۇپ بولىدۇ.

نامرات ئاممىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىشى كاپالەتلەندۈرۈلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

دوختۇرخانا باشقۇرۇش، يېڭى تېخنىكا، يېڭى تۈرلەرنى قانات يايدۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتلەردە ئومۇميۈزلۈك ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قانات يايدۇردى، ياردەمگە ئېرىشكۈچى دوختۇرخانىلارنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە داۋالاش مۇلازىمىتى ئىقتىدارى تېز ئۆستى.

ھازىرغا قەدەر، ھەرقايسى ياردەم بېرىدىغان دوختۇرخانىلار ياردەمگە ئېرىشكۈچى دوختۇرخانىلارنىڭ ئالاقىدار تۈزۈمىدىن جەمئىي 324نى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ياردەم بەردى، داۋالاش مۇلازىمەت تەرتىپىدىن 228نى ئورناتتى ۋە قېلىپلاشتۇردى، يېڭىدىن 211 بۆلۈم ـ ئىشخانا تەسىس قىلدى، چوڭ تىپتىكى ئۈسكۈنىدىن 37نى كۆپەيتتى، قورساق بوشلۇقى ئەينىكى، ئۆسمىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيەسى، بوغۇم ئالماشتۇرۇش تېخنىكىسى قاتارلىق 235 تۈرلۈك يېڭى تېخنىكا، يېڭى تۈرنى قانات يايدۇرۇشقا ياردەم بەردى، 684 مەيدان قېتىم تەربىيەلەشكە تەشكىللىدى، ئوقۇتۇش بويىچە كېسەلخانىلارنى تەكشۈرۈشنى 1025 قېتىم قانات يايدۇردى، ياردەمگە ئېرىشكۈچى دوختۇرخانىلارنىڭ دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش ئادەم قېتىم سانى، ئاغرىقلارنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىش قېتىم سانى، ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئادەم قېتىم سانى زور نىسبەتتە ئېشىپ، چوڭ كېسەللەرنى داۋالاش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز ناھىيە داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ناھىيە تەۋەسىدىكى داۋالاش بايلىقىنىڭ نامرات ئاممىغا تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزۈشىنى ئىلگىرى سۈردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيە داۋالاش ئورتاق گەۋدىسىدىن 121ى قۇرۇلدى، 607 يېزا ناھىيە ـ يېزا يىراق مۇساپىلىك داۋالاش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، ناھىيە ـ يېزا يىراق مۇساپىلىك داۋالاشنىڭ قاپلاش نىسبىتى 67.15%كە يەتتى.

تولدۇرۇش، تولۇقلاش پرىنسىپى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ـ كەنت داۋالاش ـ سەھىيە ئاپپاراتلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى سەھىيە ئىختىساسلىقلىرىنى تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يېزا ـ كەنت دوختۇرلىرىغا كۆپ يوللار بىلەن تولۇقلىما بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى «يوچۇق نۇقتا»لارنى ئومۇميۈزلۈك تۈگەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرتۈش خىزمىتىنى پۇرسەت قىلىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك داۋالاش، داۋالاشتا تېگىشلىكلىرىنى ئامالنىڭ بارىچە داۋالاش، «مەركەزلىك دورا يېيىش + ئوزۇقلۇق ناشتىلىق»، يۇقۇش مەزگىلىدە مەركەزلىك ئايرىپ داۋالاش قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى؛ مۇتەخەسسىسلەر يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا تېخنىكا جەھەتتىن ياردەم بەردى، يۆلىدى؛ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەلگە دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش تۈرىنى تەڭشەپ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ چىقىم دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، ئاغرىقلارنىڭ داۋالىنىش يۈكىنى زور دەرىجىدە يېنىكلەتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىرمۇ ئاغرىق كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىپ كەتمىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتونوم رايونىمىز ئالاقە تورى بىلەن داۋالاش، ساغلاملىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئاھالىلەر ساغلاملىق APPسىدە ئائىلە دوختۇرى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاش ئەندىزىسىنى قوللاندى، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە دوختۇرى ئاغرىقلارنى تور مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، جەمئىي 7 مىليون 130 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بىلەن كېلىشىم ئىمزالىدى. ئومۇمىي خەلق مەۋھۇم ساغلاملىق ئۇچۇرى «بۇلۇت» سۇپىسى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇلۇپ، 80 مىليوندىن ئارتۇق ئېلېكترونلۇق كېسەل تارىخى سانلىق مەلۇماتى توپلاندى. قاتلام، دەرىجە بويىچە يىراقتىن داۋالاش ھەمكارلىق تورىدىن 74ى قۇرۇلدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك داۋالاش ئاپپاراتلىرى جەمئىي 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاغرىققا يىراقتىن دىياگنوز قويدى، 800 مىڭدىن ئارتۇق ئاغرىققا يىراقتىن يۈرەككە ئېلېكترلىك دىياگنوز قويدى، يىراقتىن سىنلىق ۋە پاتولوگىيەلىك دىياگنوز قويدى.